# بۈيۈك داۋا، كەمتۈك ساپا

**بىلگىن | ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى**

زىيالىلىرىنىڭ ئىغىرلىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن داۋا سېپىمىزدە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر ئەجەللىك مەرەز بار. بۇ مەرەز ھېلىھەم گىرىپتار بولغۇچىلىرى تەرىپىدىن رەسمىي تونۇلغىنى، سەممىي ئېتىراپ قىلىنغىنى يوق. بۇ مەرەز تۈپەيلىدىن داۋا سېپى ئەمدى تۇراقلىشىپ كەلسە پارچىلانماقتا، رەسمىي بىر ئىتتىپاقلاشقان قوشۇن ھالىتىدە بىر نىشانغا قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەشتىن مەھرۇم قالماقتا. ھەتتا بۇ مەرەزنىڭ ئۈنۈمى دۈشمەننىڭ داۋا سېپىدىكىلەرنى پارچىلاش خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ئالماقتا. ئۇ بولسىمۇ < داۋانى نەپسىگە بويسۇندۇرۇش> كېسىلىدۇر. ئېنىقراق بايان قىلىنغاندا، بۇ كېسەل داۋا ئادەملىرىنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرىنى داۋانى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئەقلىي رەۋىشتە ھەل قىلىشماستىن، شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇ شەخسىي ئاداۋەتنى بىلەن داۋاغا زىيان سېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان داۋا ئادەملىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئوخشىمىغان سەپلەردە، ئوخشىمىغان خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقان دىنىي ئۆلىمالار، زىيالىيلار ۋە ھەر قايسى تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ بۇنى تېما قىلىشىمنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى سەۋەبى بار.

بىرىنچىدىن، مەيلى ئۆتمۈشىمىز ياكى بۈگۈنىمىزگە قارايلى. داۋا سېپىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىقى، ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى

ياخشى بىرتەرەپ قىلالماسلىقى داۋانى ئاقسىتىۋاتقان، دۈشمەننى كۈلدۈرۈپ بىزنى يىغلىتىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەرەزلەرنىڭ بىرىدۇر. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى بۇ كونا مەرەزنىڭ بۈگۈنكىدەك ھايات ماماتلىق كۈنلىرىمىزدە ساقىيىشقا يۈزلىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ يامانلاپ كېتىۋاتقانلىقى يۈرەكتىن قان، كۆزدىن ياش ئاققۇزۇۋاتىدۇ. داۋا ئەھلىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلىنىپ قېلىشى، تېخى بۈنىڭلىق بىلەنلا قالماي يەنە جەمئىيەتتە يېيىلىشى بىر تەرەپتىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرسە،يەنە بىر تەرەپتىن داۋا ئەھلىنىڭ دىققەتلىرىنىڭ باش نىشاندىن چەتنەپ، بىر بىرى بىلەن ياقا سىقىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى بىر بىرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشىنى داۋا سېپىنى تازىلىغانلىق، خەلققە ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ قويغانلىق، ئىچكى دۈشمەننى يوق قىلغانلىق، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ چۈپەي قىلىقلىرىنى ئوماقلاشتۇرۇپ بىلىپ ئۆزىنى، بىلمەي خەلقنى ئالداۋاتىدۇ. < ئۆتكەن بىر قانچە ئايدا بەزى تەشكىلاتلارنىڭ تورلاردا تارقىلىپ كەتكەن بەزى سەتچىلىكلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا كونكرېت مىسال كەلتۈرۈپ يۈرمەيمەن>. داۋا ئادەملىرىدىكى بۇنداق چېچىلاڭغۇلۇقلارنىڭ جەمئىيەتلىشىشى خەلقنىڭ شۇ يېتەكچى داۋا ئادەملىرىدىن ئەمەس، ئەڭ چاتىقى داۋانىڭ ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھېچكىم ئۈمىدسىز داۋانىڭ كەينىدىن ماڭمايدۇ. بەزى جېدەللەر شۇنچىلىك چۈپەيلەشتىكى، ئادەمگە كىچىك ۋاقتىمىزدا ئادىشىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندە، ئۆتكەندە بەرگەن قەلىمىمنى بەر، تاماكا چەككىنىڭنى ئاناڭغا دەپ قويىمەن....دېگەندەك كۈلكىلىك كارتىنىلارنى ئەسلىتىپ قويۇۋاتىدۇ.

ئاۋامنىڭ ئىتتىپاقلىقى تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېتەكچى قاتلام يەنى داۋا ئادەملىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن يارىتىلىدۇ. داۋا ئادەملىرى قانچە ئىناق

بولسا، ئوخشىمىغان ساھەلەردىكى ئىختىلاپلىرىنى قايرىپ قويۇپ ئۆزئارا ھەمكارلىشالىسا، ئاندىن خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئەگىشىش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەكسىچە بىر بىرى بىلەن قانچە جېدەل - ماجىرا قىلىشسا، يەنە كېلىپ ھازىرقىدەك تور يۈزىدە ئوچۇق ئاشكارا ھازازۇل خوتۇنلاردەك چاچلاشسا، خەلق كىمگە ئەگىشىپ قايسى يولدا، قايسى مەنزىلگە ئىتتىپاقلىشىشنى بىلەلمەي گاڭگىرايدۇ. يەنى داۋا ئەھلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاۋامنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئوخشىمايدۇ، ئاۋامنىڭ ئارىسىدىكى جېدەللەر پەقەت شۇ ئىككى تەرەپنى زىيانغا ئۇچراتسا، داۋا ئەھلىنىڭ جېدەللىرى شۇ ئىككى تەرەپنىلا ئەمەس، بەلكى مىللەتنى، داۋانى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ جېدەللىرىنىڭ زىيىنى ئۆزلىرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇ مەيلى ئۇلار خالىسۇن خالىمىسۇن شۇنداق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ مەسىلە ھەل قىلىش قۇربىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاتايىن مۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، داۋادا بىز تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ساھەلەر ۋە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ساھەلەر مەۋجۇت. مەسىلەن بىزنىڭ مۇستەملىكە بويقالغانلىقتەك رېئاللىقىمىز، خىتاينىڭ زۇلۇمىنىڭ قەبىھلىشىشى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ سۈكۈتى دېگەندەك مەسىلىلەر بىز ھەر قانچە غەزەپتىن چىشلىرىمىز غۇچۇرلاپ كەتسىمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ بولغان، دەماللىققا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ساھەلەردۇر. ئەمما داۋا ئەھلىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشى، تەشكىلات خىزمەتلىرىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۇرۇشى، ئىچكى نىزالارنى ئازايتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار بولسا ئۆزىمىز ھەقىقىي تىرىشساق، سەمىمىي بولساقلا زور دەرىجىدە ھەل قىلالايدىغان مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش دائىم ئاۋۋال قۇربىمىز يېتىدىغان ساھەدىن باشلىنىدۇ ۋە مۇشۇ تەرىقىدە قۇربىمىز

يېتىدىغان ساھەلەر بارغانسېرى كېڭەيتىلىپ، ئەسلىدە قۇربىمىز يەتمەيدىغان ساھەلەرگىچە مۇداخىلە قىلىنىدۇ. ناۋادا كۈچىمىز، ئېنېرگىيەمىز دائىم بىر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمما تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ساھەلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالسا، نەتىجىلەر ئېنىقسىز، مەۋھۇم بوپقالىدۇ. بىز ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ئۆزگەرتەلەيدىغان ساھەلەر دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارىماققا توختىماي تىرىشىۋاتقان، ئەمما ھېچبىر ھوسۇل ئالالمايۋاتقان ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدۇ. تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ساھەلەر ھەققىدە يېتەرلىك ئۆزرىلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللىي بېرەلىسەكمۇ، تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىمكان دائىرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالمىساق ئۆزىمىزگىمۇ، مىللەتكىمۇ، شۇ ئىمكانىيەتنى بەرگەن ئاللاھقىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز. بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىزنى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ مۇداخىلىسىگىلا ئارتىپ چۈشەندۈرۈش، مەسىلىدىن قېچىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئوبرازلىقراق ئېيتقاندا، دۈشمەن چېلىۋاتقان داپنى تارتىۋالالمىساقمۇ، ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناش ئوينىماسلىقنى ئۆزىمىز قارار قىلالايمىز. دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە ئۇرۇقى چېچىشىنى توسىيالمىساقمۇ، ئىچىمىزدە چېچىلغان پىتنە ئۇرۇقلىرى كۆكلىيەلمەيدىغان تۇپراق بەرپا قىلالايمىز. ھەممىنى پىتنە ئۇرۇقىغىلا ئارتىپ قويۇش، ئۆزىمىزدىمۇ شۇ ئۇرۇقلار كۆكلەيدىغان مۇنبەت تۇپراق بارلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ. قىسقىسى، داۋا ئادەملىرى تىرىشسىلا ساقلىنىشى مۇمكىن بولغان، شۇنداقلا يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ زىيانىنى تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئىمكانىمىز بولغان بۇ نىزالارنىڭ داۋاغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىنى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل نىزالارنى مۇئەييەن چەكتە كونترول قىلىش ۋە ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىمىز بولغاچقا، داۋا ئادەملىرىدە ئىزچىل كۆرۈلۈۋاتقان بۇ مەسىلىگە دىققەتنى قوزغاشنىڭ مەلۇم ئىجابىي رولى بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ يازمىغا قەلەم تۇتتۇم.

سەمىمىي بىر داۋا ئادىمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، داۋا ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولىدۇ. باشقا بارلىق ئىشلىرى شۇ داۋانى مەركەز قىلىپ چۆرىدەيدۇ، شۇ داۋا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ قىممىتى مەركىزىي داۋاغا خىزمەت قىلالىغان قىلالمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھاياتىدىكى ئىشلارغا داۋا نۇقتىسىدىن قارايدۇ، داۋا تارازىسىدا ئۆلچەيدۇ. داۋا يولىغا ئۆزى خالاپ كىرگەن بولغاچقا، يەتكەن ئەزىيەت، خاپىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ئىدىيەسىدە ئاللىبۇرۇن تەييارلىق بولىدۇ. يەتكەن جاپا مۇشەققەتلەر، بېسىم، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ھېچبىرى تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە پىسخىك بېسىم شەكىللەندۇرەلمەيدۇ. ناگاندا مەلۇم دەرىجىدىكى چۈشكۈنلۈكلەرگە چۈشۈپ قالسىمۇ، داۋاسىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچى بىلەن چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدىن يەنە قاڭقىپ چىقالايدۇ. بولۇپمۇ داۋا خىزمىتى جەريانىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئەزىيەتلەر - مەيلى بۇلار دوستتىن كەلسۇن ياكى دۇشمەندىن كەلسۇن - ئۇلارنى يولىدىن ئېزىقتۇرالمايدۇ، ياندۇرالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە ئەمەس بەلكى داۋاغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەر قىممەتلىك، داۋاغا زىيانلىق ياكى كېرىكى بولمىغان نەرسىلەر زىيانلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنى، داۋا بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. دوست بولسىمۇ، دۇشمەن بولسىمۇ داۋا پىرىنسىپى ئاساسىدا بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ < مەن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ھۆرمىتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمىسىلا، ئۆزى ئۇچرىغان شەخسىي زۇلۇم ئۈچۈن باشقىلاردىن ئۆچ ئالغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم> . تېخىمۇ كونكېرتلاشتۇرىدىغان بولساق، داۋا ئادەملىرى باشقىلار بىلەن ئاداۋەتلەشسە، باشقىلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۇشمىنى ئەمەس، بەلكى داۋاسىنىڭ دۇشمىنى بولغانلىقىدىن بولىدۇ. ياكى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك بولىدۇ.

ھاياتىدا داۋا مەركەز بىر داۋا ئادىمى باشقا داۋا ئادەملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە، ئۇنى شەخسىيلەشتۈرۈۋېلىشنىڭ داۋاغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن گەرچە قارشى تەرەپتىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئازار يېسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنتايىن كەڭ قورساقلىق بىلەن سىغدۇرۇپ، ھەمكارلىقنى بۇزماسلىققا، داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ ئازار يېيىشى ئەمەس، بەلكى داۋانىڭ زەرەرگە ئۇچرىشىدۇر. ئۇنىڭدىكى داۋا ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەن ئاڭ ئۆزى ئۇچرىغان شەخسىي ئەزىيەتلەرنىڭ دەردىنى يەڭگىللىتىشكە يېتەرلىك بولىدۇ. قارشى تەرەپكە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆلچەم قويۇپ مۇئامىلە قىلالايدۇ، يەنى، قارشى تەرەپ ئېنىق خائىن بولمىسىلا، ئۇنىڭدىكى بەزى ئەخلاقىي نۇقسانلار داۋاغا ئېنىق زىيان ئېلىپ كەلمىسىلا، گەرچە ئۆزىنى كەينىدىن تىللىۋالسىمۇ، ھەر خىل ئازار بەرسىمۇ، ئۇنى دۈشمىنىم دەپ قارىمايدۇ، ئۇنىڭ ھەممە يەردە غەيۋىتىنى قىلىپ سېسىتىپ يۈرمەيدۇ. ئۆزى ياقتۇرمىغان بىراۋدا داۋاغا كېرەك مەلۇم قابىلىيەت، ئىقتىدار بولسا باشقا كەمتۈك، نۇقسانلىرىغا سەۋر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. داۋا يولىدا قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكلىرىگە كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەتنى، نەتىجىنى ئاساس قىلىدۇ. بەزىبىر شەخسىي ئۆچمەنلىكلەردىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان چاغلاردىمۇ، ئۇنى سىرتقا يايمايدۇ، مۇمكىنقەدەر يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىپ، داۋاغا زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم ئەمەلىيەتتە كۆڭۈلدىكىدەك داۋا ئادەملىرىنىڭ پورترېتى. ھالبۇكى بىزدىكى رېئاللىقچۇ؟ بىزنىڭ داۋا ئادەملىرىمىزدە ئۆزئارا قاراش ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر بىرىنى نېمىشقىدۇر ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئىشلارنى ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇسۇلدا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا مىجەزىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن بىر

بىرى بىلەن سىغىشماسلىق، ئىناق ئۆتمەسلىك، بىر بىرىگە دىماق قېقىشلار ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر پاكىتقا ئايلىنىپ كەتتى. بىللە ھەمكارلاشماسلىقنىغۇ قويۇپ تۇرايلى، بىر بىرىگە زەربە بېرىش، غەيۋەت قىلىش، تۆھمەت چاپلاش، قارشى تەرەپنى پاكىتسىزلا خائىنغا چىقىرىپ قارىلاشلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى ھەيران قالدۇرماس بولدى. (ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇ قىلىقلىرىمىزدىن خەۋەر تاپسا قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.) ۋەتەندە مەلۇم بىر پەتىۋا، مەلۇم بىر ئايەت، ھەدىس ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر بىرى بار سورۇنغا بېرىشمايدىغان، ھەتتا مەلۇم سورۇنغا چاقىرىلغاندا، پالانىلار بولسا بارمايمەن دەيدىغان، تالىپى باشقا ئۇستازلاردا ئوقۇسا ئۇ تالىپىنى قوغلىۋېتىدىغان ئەھلى ئۆلىمالىرىمىز نۇرغۇن ئىدى.  چەتئەلدە بولسا، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئوقۇشمۇ ھەمكارلىشالماسلىقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىر ئىكەن. تەشكىلاتلاردىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ سەتلىشىشى بولسا ئادەمنى ياقا چىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. بەزى زىددىيەتلەردىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، داۋاغا خىزمەت قىلىشتىن بەكرەك داۋاغا كىملەرنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى جامائەتكە بىلدۈرۈش مۇھىم ئىكەن، يەنى داۋادىن بەكرەك شەخس مۇھىم ئورۇنغا چىقىپ قالىدىكەن. (بۇ كارتىننى بەك ئىنچىكە، رەڭلىك سىزىشنى خالىمايمەن. چەتئەلدە ئاز تولا تورغا قارايدىغان ئادەملەرگە بولۇۋاتقان ئىشلار ئايان تۇرۇپتۇ.)

بۇ خىل ئەھۋالدا داۋاغا كېرەكلىك ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك ئادەملەر ئورنىغا قويۇلمايدۇ، چۈنكى بىز قابىلىيىتىگە ئەمەس ئۆزىمىزگە يېقىش ياقماسلىقىغا قارىغاچقا، قابىلىيەتلىك، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، بىراق بەزى مىجەز كەمچىلىكلىرى بار كىشىلەرنى سىغدۇرالمايمىز، ئۇلارنىڭ بەزىبىر ئىنسانچە كەمتۈكلۈكلىرى مۇبالىغە قىلىنىپ مۇئامىلە قىلىنىپ قالىدۇ.

ئەمما بىلىش كېرەككى، بەزىدە خىزمەتكە پەزىلەتتىن بەكرەك ئىقتىدار مۇھىم. رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولغانىدى.

رەسۇلۇللاھ مۇئتە غازىتىدا رۇملۇقلارغا قارشى ئۈچ مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان ئارمىيەسى ئەۋەتىدۇ. ئۇلارغا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ، زەيد ئىبنى ھارىس ۋە ئابدۇللا ئىبنى راۋاھە قوماندان بولىدۇ. جەڭدە بۇ ئۈچ قوماندان ئارقا-ئارقىدىن شېھىت بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە شېھىت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى ئەنسارلاردىن سابىت ئىبنى ئەكرەم ئالىدۇ. سابىت ئىبنى ئەكرەم بايراقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغداپ ئۇنى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇ يەردىكى ساھابىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئېتىراز بىلدۈرمەستىن خالىدنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. خالىدنىڭ قوماندانلىقىدا ئامان-ئېسەن چېكىنىپ ئىسلام ئارمىيەسىنىڭ پۈتۈن ھالاك بوپكېتىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. قايتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھمۇ خالىدنىڭ قىلغىنىنى تەقدىرلەيدۇ. بۇ ۋەقەدە دىققىتىمىزدىن ساقىت بولۇپ قالىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مۇنداق بىر نۇقتا بار. خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ غازاتقا قاتناشقاندا مۇسۇلمان بولغىلى ئەمدى ئۈچ ئاي بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا پەقەت بىر قانچە كۈنلا تۇرغان ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن مەككە مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئىدى، ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان، بۇنىڭدىن باشقىمۇ مۇسۇلمانلارغا زور ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن بىرى ئىدى. ھالبۇكى شۇ جەڭدە مۇسۇلمان بولۇش تارىخى خالىدتىن نەچچە ئون يىل ئۇزۇن، بەدىر، ئۇھۇد غازاتلىرىغا قاتناشقان، ئىسلامغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرغۇن پېشقەدەم ساھابىلەر بار ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇ پېشقەدەم ساھابىلەردىن بىرەرى قوماندان بولماي مۇسۇلمان بولغىلى ئەمدى ئۈچ ئاي بولغان، ئۆزلىرىگە يىللارچە زور تالاپەتلەر كەلتۈرگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندان بولدى؟ ساھابىلەر نېمىشقا بۇنى ئاسانلا قوبۇل

قىلدى؟ چۈنكى، ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۇرۇشقا ماھىرلىقىغا، قوماندانلىق ئىقتىدارىغا قايىل ئىدى. گەرچە باشقا تەرەپلەردە خالىدتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ساھابىلەر نەقمەيداندا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما كۆز ئالدىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئەڭ لايىق قوماندانىنىڭ خالىد ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىر بولغان، ئۆزلىرىدىكى قوماندانلىق ئىقتىدارىنىڭ خالىدقا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بىردەك خالىدنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. قارىماققا، بۇ بىزگە بەكلا ئادديي، ئوڭاي ئىشتەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، ئۆزىمىزگە تەققاسلاپ باقسىلا بىلەلەيمىز. بۇ يەردە ساھابىلەردىكى يۈكسەك ساپا روشەن نامايان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلغان، ( ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى) ئۆزلىرىنىڭ تارىخنى، پېشقەدەملىكىنى پەش قىلمىغان، خالىدنى تېخى ئەمدى سېپىمىزگە قوشۇلغان يېڭىكەلدى دەپ قارىمىغان، بىزگە جىق زىيان سالغان دەپ ئاداۋەت تۇتمىغان ( بەلكىم ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇھۇدتا خالىدنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغانلارنىڭ تۇغقانلىرى بولۇشى مۇمكىن). قىسقىسى، ئورۇنغا ئەڭ لايىق كىشىنى تاللىيالىغان، ماھىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي داۋا ئادىمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى، ساھابىلەر ئۆزلىرىدىكى بۇ يۈكسەك داۋا ئېڭى بىلەن بەزى شەخسىي ھېس-تۇيغۇلىرىنى يەڭگەن.

ئىككىنچى بىر ۋەقە رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن تەرتىپلىگەن تەبۇك غازىتىدا كۆرۈلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتقا ئۆزىنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيدنى قوماندان قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇسامە ئۇ ۋاقىتتا ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىگىت ئىدى. قوشۇندا ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتابلارغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھقا ئەڭ يېقىن، ئەڭ مۆتىۋەر ساھابىلەر بار ئىدى. يەنى ئۇسامە ئەنە شۇ كاتتا

ساھابىلەرنىڭ قوماندانى ئىدى. گەرچە بۇ سەپەر رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن كېچىككەن بولسىمۇ، ساھابىلەردىكى بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش روھىنىڭ نەقەدەر يۇكسەكلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ساھابىلەر ھەرگىزمۇ رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەيۋىتىدىن ھەممە تىترەپ تۇرىدىغان مۇستەبىت پادىشاھلارغا ئوخشىمايتتى، ئەكسىچە ھەممە ئادەم ھەتتا ئاياللارمۇ رەسۇلۇللاھقا خالىسا ئۆز سۆزلىرىنى ئازادە قىلالايتتى. شۇنداق بىر مىسال بېرەلەيمىز، ئۇھۇد غازىتىدا ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن چىقماي، مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشنى ئويلىغان ئىدى، ئەمما ئالدىنقى قېتىم بەدىر غازىتىغا چىقالماي قالغان ياش ئەنسار ساھابىلەرنىڭ شەھەر سىرتىدا مەيدان ئۇرۇشى قىلىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ئۇھۇد تېغى تۈۋىگە قارارگاھ قۇرغان ئىدى. يەنى، رەسۇلۇللاھ مەيلى ياش بولسۇن، پېشقەدەم بولسۇن ساھابىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالاتتى. دېمەك، ئۇسامەنىڭ قوماندانلىقىغا ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمىغان ۋە بۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىي بۇيرۇقى سۈپىتىدە كۆرۈپ قوبۇل قىلغان ئىدى. بىز مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولىدۇ: ناۋادا بىز ئىشلىگىلى ئون يىل بولغان بىر شىركەتتە، كەلگىلى ئەمدى بىر يىل بولغان بىرى بىزگە باشلىق تەيىن ئېتىلسە قوبۇل قىلالارمىزمۇ؟ يۇقىرىقىلارنى ئۆزىمىزگە تەققاسلاپ باققىنىمىزدا كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلالايمىز.

يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخىدا ئۇلارنىڭ مەنىۋى داھىيسى خېرزىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۇنيا زىئونىستلىرى قۇرۇلتىيى قۇرۇلىدۇ. قۇرۇلتاي تۇنجى يىغىنىنى 1897 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىۋېتسارىيەنىڭ باسېل شەھىرىدە چاقىرىدۇ، يىغىنغا 11 دۆلەتتىن كەلگەن 204 نەپەر زىئونىست قاتنىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي 1913 - يىلغىچە ياۋروپادىكى

ئوخشىمىغان شەھەرلەردە جەمئىي 11 قېتىم چاقىرىلىدۇ. ھەر قېتىملىق يىغىندا يەھۇدىيلار يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشقا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قەيەردە قۇرۇش، قانداق ئىستراتېگىيە يولىدا مېڭىش، قايسى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش......دېگەندەك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار ماقۇللايدۇ. مۇزاكىرە داۋامىدا يەھۇدىيلار مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى قاراش، تەشەببۇسلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، تالاش - تارتىش داۋامىدا ھەتتا بىر - بىرى بىلەن تىللىشىپ كېتىدۇ. ئەمما كېلەر يىللىق يىغىنغا ئالدىنقى قېتىمقى يىغىندا بىر - بىرى بىلەن تىللىشىپ كەتكەن يەھۇدىيلار يەنە قاتنىشىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولساقچۇ دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. تىللىشىپ قالساققۇ چوقۇم قارشى تەرەپ بار يىغىنغا قاتناشمايمىز، پىكىرلىرىمىز ئوخشىماي قالسىمۇ بېرىشىمىز ناتايىن. بۇ ھەرگىز كىچىك مەسىلە ئەمەس، ئۇلارنى بىر يەرگە ئەكەلگەن نەرسە يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىي مەنپەئەتى، ئۇلار مانا مۇشۇ ئالىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر - بىرىدىن يېگەن روھىي زەربە، ئازارلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يەنە بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىكتە باش قاتۇرۇشقان.

بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنت سايلىمىنى ئەسلىسەك مۇنداق بىر ئىش ئېسىمىزگە كېلىشى مۇمكىن. باراك ئوباما ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلىنىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال دېموكراتلار پارتىيەسى ئىچىدە ھىلارى كلىنتون بىلەن پرېزىدېنتلىق نامزاتىنى تالىشىدۇ. كېيىن ئوباما ئۇتۇپ چىقىدۇ ۋە كېيىنكى سايلامدىمۇ ئۇتۇپ ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بولىدۇ. ئوباما پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپلىقى ۋەزىپىسىگە ھىلارى كلىنتوننى تەكلىپ

قىلىدۇ، ھىلارىمۇ تەكلىپنى رەت قىلماي باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنچىلىك ئاددىي بىر ۋەقە، ئەمما بۇ ۋەقەنىڭ ئىچىدە مېنىڭچە بىز ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بەزى نۇقتىلار بار. ئامېرىكا پىرېزىدېنت سايلىمىغا دىققەت قىلىدىغانلارغا ئايانكى، نامزاتلار سايلامدىن نەچچە ئاي بۇرۇن بىر بىرى بىلەن تاراتقۇلاردا ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرە باشلايدۇ، مۇنازىرىلەر ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ، جەرياندا ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاشنى قايرىپ قويۇپ ئۆتكۈر، ھەجۋىي، ئاچچىق تىللارنى ئىشلىتىدۇ، بىر بىرسىنىڭ كۆڭلىدە قالغۇدەك، غۇرۇرىغا تەگكۈدەك سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئوباما بىلەن ھىلارى دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىنىمۇ مۇشۇنداق تالىشىدۇ. ئەمما ئوباما كېيىن ھىلارىنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ بىللە ئىشلەيلى دېگەندە، ھىلارى سەن ئۆتكەندە كۆڭلۈمگە كېلىدىغان مۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدىڭ دېمەستىن يەنە ئوبامانىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق خىزمىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردە مەن يەنە ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا بىز بولغان بولساقچۇ دەپ سوراشقا مەجبۇر بولىمەن. مانا بۇ يەردە ئۇ ئىككىسىنىڭ كونا جېدەللىرىنى قايرىپ قويۇپ، بىر يەرگە كېلىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە ماھىيەتتە ئامېرىكا مەنپەئەتى، ۋەتەن مەنپەئەتى. يەنى، ۋەتەن مەنپەئەتى ئۈچۈن كىشىلىك ھېس-تۇيغۇلىرىنى باشقۇرالىغان. مېنىڭ پۈتۈن يازمىدا ئەڭ كۆچەپ تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتىمۇ دەل داۋا ئادەملىرىنىڭ داۋاغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىنىڭ تەخىرسىزلىكى مەسىلىسىدۇر.

شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، ئىختىلاپ پەقەت دۈشمەنلەر بىلەنلا بولمايدۇ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بولىدۇ، ئىنسانلار بىرگە مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۆز - ئارا سۈركىلىش، ئىختىلاپنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر. ئەڭ ئاز ئىككى ئادەم مەۋجۇت بىر ئورتامدىمۇ ئىختىلاپ

بولىدۇ. ھەتتا بەزىدە يەككە بىر ئىنسانمۇ نۇرغۇن چاغلاردا پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە زىت ئوي - خىيال، ھېس - تۇيغۇلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئەر-ئايال ئارىسىدا، قېرىنداشلار ئارىسىدا، ئاتا-ئانا پەرزەنت ئارىسىدا، دوستلار ئارىسىدا ھەر دائىم ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى مۇقەررەر مەۋجۇت ئىختىلاپنى قانداق يوق قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر ئىختىلاپلارغا قانداق يۈزلىنىش ۋە قانداق ھەل قىلىشنى بىلىۋېلىش مەسىلىسىدۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق –مەيلى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ياكى سىياسىي ھەمكارلىق بولسۇن-تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئوپ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ھەمكارلىق پەرقلىق كىشىلەر بىلەن ئاندىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق بولىدۇ. چۈنكى، ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالساقمۇ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرى ئوخشىمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن ۋەزىپە كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىنىدۇ. ھەمكارلىقنى پەقەت ئوخشاش ئىدىيەدىكى ئادەملەر ئارىسىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ دەپ ئويلىۋېلىش بىزنىڭ ھەمكارلىق چۈشەنچىمىزدىكى چوڭ بىر خاتالىقتۇر. ئەمەلىيەتتە ھەمكارلىق نىشانى بىر بولغان ئەمما ئوخشىمىغان مىجەز-خاراكتېر، ئوخشىمىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئوخشىمىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ ئورتاق بىر يەرگە كېلىشىدىن ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ داۋاسىمۇ دەل مۇشۇنداقتۇر. داۋا خىزمىتى ئوخشىمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەرنىڭ ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، ناۋادا داۋا ئادەملىرى بىرسىنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرمىغانلىقى، بىرسىنىڭ يۇرتداش ئەمەسلىكى، بىرسىنىڭ كىچىك بىر ئادىتىنى سىغدۇرالمىغانلىقى ۋە ياكى بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانلىقى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن بىر-بىرىگە غوم ساقلىشىپ، داۋاغا تەسىر يەتكۈزۈشسە بۇمۇ داۋاغا قىلىنغان بىر ئاسىيلىق، خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىر داۋا ئادىمى ھەقىقەتەن داۋا مەنپەئەتىنى

بىرىنچى ئورۇنغا قويالىسا، ھەرگىزمۇ بۇنداق ئۈششاق ئىشلار بىلەن كاشىلا بولۇپ، ھېسسىيات-ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ داۋاغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. داۋاغا كىرىپ داۋاغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. داۋا دېمەك بەدەل دېمەكتۇر، قۇربان بېرىش دېمەكتۇر، بۇ نوقۇل ماددىي بەدەللەرنىلا ئەمەس، غەيۋەتنى قىلماسلىق، تۆھمەتكە ئۇچراش، ھاقارەتلىنىش دېگەنگە ئوخشاش مەنىۋى بەدەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەنىدە پىشىپ يېتىلگەن يېتىلمىگەنلىكى مەلۇم تەرەپتىن مانا مۇشۇنداق پىسخىك زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئەقلىيلىكىنى، سوغۇققانلىقىنى يوقىتىپ قويماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاقىل كىشىلەر مۇقەررەر نەرسىلەردىن قانداق قېچىشنى ياكى قانداق يوقىتىشنى ئويلىماستىن، قانداق ماسلىشىشنى ۋە قانداق پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ داۋاسى جاھاندىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. كۆتۈرىدىغان يۈك قانچە ئېغىر بولسا شۇنچىلىك كۈچ تەلەپ قىلىدۇ، ھەل قىلىدىغان مەسىلە قانچىلىك قىيىن بولسا شۇنچىلىك چوڭقۇر ئەقىل، بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئەقلىي ساۋات رېئاللىقتا ھەرىكەت سۈيپىتىدە ئەمەلىيلەشمەيدىغان ياكى بىزنىڭ رېئاللىقىمىزدا ئەمەلىيلەشمايۋاتقان ئاددىي ھەقىقەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى تەپسىلىيرەك يېشىپ چىقساق مۇنداق يەكۈنلەر كېلىپ چىقىدۇ، سىز ئۈستىڭىزگە ئالماقچى بولغان يۈك قانچە ئېغىر بولغانسېرى سىزدىن تەلەپ قىلىدىغان كۈچمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. سىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە قانچە قىيىن بولغانسېرى، بۇ مەسىلە سىزدىن شۇنچە چوڭقۇر پاراسەت، ئەتراپلىق بىلىم، يەنە ساغلام پىسخىك سايا تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا سىزدە بۇ يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغان كۈچ، شۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان بىلىم بولمىسا بۇ يۈكنى ئۈستىڭىزگە ئالالمايسىز، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىز. كۈچىڭىز ۋە بىلىمىڭىز يەتمەي تۇرۇپمۇ ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالغان بولسىڭىز سىز ئۆزىڭىزنى قىيناپلا قالماستىن، مۇھىمى

ۋەزىپىنىڭ ئادا قىلىنىشىنى كېچىكتۈرۈپ زىيان ياكى مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىسىز. بۇ سىزنىڭ مەزكۇر ۋەزىپىگە بولغان مۇھەببەت، ئىشتىياقىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، يەنى سىز بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئۆزىڭىزنى تولۇق ئاتىغان تەقدىردىمۇ، مەسىلىلەر تەلەپ قىلغان ئىستېداتنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنالمايسىز. بۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ ماشىنا ھەيدەشكە ئامراقلىقىنىڭ ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشقا يارىمىغىنىدەك بىر ئەقەللىي ساۋاتتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا بالا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ بولغىچە ھەيدىمەسلىكى كېرەك، سىز بولسىڭىز شۇ مەسىلە تەلەپ قىلغان كۈچنى ھازىرلىشىڭىز، شۇ بىلىمنى ئىگەللىشىڭىز كېرەك. دېمەككى، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان ئىقتىدارنى تولۇق ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئۇنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ، چاپىقىنى ئالىمەن كۆزنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. دېمەك، داۋامىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، داۋا ئادەملىرىدىن ئادەتتىكى ئادەملەردە تېپىلمايدىغان ئەقىل-بىلىمدىن باشقا، غايەت كۈچلۈك، ساغلام بىر پىسخىك ساپا تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىلا داۋادىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىق بولالايدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپمۇ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىدىن بەكرەك خىزمەت مۇناسىۋىتىدە ئۆز - ئارا مۇئامىلىمىزنى نوقۇل بىر - بىرىمىزنى ياقتۇرۇش ياقتۇرماسلىق ئۈستىگىلا قۇرماستىن، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىدارىنىڭ داۋاغا زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىگە قۇرۇشىمىز بەكرەك ئاقىلانىلىقتۇر. قارشى تەرەپنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىدىن بەكرەك قابىلىيەت، ئىقتىدارىنى، خىزمەت ئۇنۇمىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز داۋاغا پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭ پەزىلەتسىزلىكىنىڭ، ئىللىتىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە، ئىقتىدارى بولسا مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. رەسۇلۇللاھقا ساھابىلەر خالىد

ئىبنى ۋەلىدنىڭ بەزى قوپاللىقى ۋە ئۇرۇشتىكى خاتا قىلمىشلىرىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىدنى جازالاشنى، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق رەسۇلۇللاھ خالىدنىڭ قىلمىشى مەن بىلەن ئالاقىسىزدۇر دەپ خالىدنى ئەيىبلىسىمۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىمۇ تەكرارلانغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر يەنە خالىدنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئاخىرى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ھەي ئۆمەر ئەمدى بولدى، مەن رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ئۈچۈن سۇغۇرغان قىلىچنى قىنىغا سېلىپ قويالمايمەن دەپ ئۇنى رەت قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردە باشتىن ئاخىرى خالىدقا مۇئامىلە قىلىشتا، خالىدنىڭ پەزىلىتى ئاساس قىلىنماستىن بەلكى ئۇنىڭ ھەربىي ئىقتىدارى ئاساس قىلىنغاندۇر.

ھەممىمىز ئىنساننىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بىلسەكمۇ، رىئاللىقتا باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىدە دائىم بىلىپ-بىلمەي قارشى تەرەپكە ئىنتايىن مۇكەممەل تەلەپ قويۇۋالىمىز، تەلىپىمىزدىكىدەك، كۈتكىنىمىزدەك چىقمىغىنىدا دەرھال ئۇنىڭ قەلبىمىزدىكى ئوبرازىغا توپا چاچىمىز، خۇنۇكلەشتۈرىمىز. ۋەھالەنكى ئۆزىمىزگە ھەرگىزمۇ باشقىلارغا قويغاندەك يۇقىرى تەلەپ قويمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى مىڭبىر ئۆزرە - باھانىلەر بىلەن چىرايلىقلاشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى پەپىلىيەلەيمىز، ئەمما قارشى تەرەپكە كەلگەندە قىلنى قىرىق يارىدىغان بىر قازىغا ئايلىنىۋالىمىز. ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىگە كۆزىمىزدە قارىساق، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى مىكروسكوپتا نەچچە ھەسسە يوغىنىتىپ كۆزىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىز كۆپتۈرۈپ چۈشىنىۋالغان شۇ ئىللەتلىرى بىلەن بىزگە ياقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قانچىلىك ئىقتىدارلىق، ئۈنۈمدار بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ ھەمكارلىشىش ئوبيېكتىمىز

بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن داۋا ئادەملىرىمىز داۋادىكى ھەمكارلىشىدىغان ھەمراھلىرىنى ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ تاللىماستىن، تونۇشلۇقى، يېقىنلىقى، ھەتتا يۇرتداشلىقىنى ئاساس قىلىپ تاللايدۇ. بۇ داۋا ئۈچۈن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

خۇلاسە قىلغاندا، بۇ يازمىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، داۋا ئادەملىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىش داۋاغا زىيان سېلىۋاتقان ئېغىر خاتالىقلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچى، بۇنىڭدىن ساقلىنىش پۈتۈنلەي قۇربىمىز ئىچىدىكى ئىشلاردىندۇر.

ئۈچىنچى، ئۆز - ئارا ئىختىلاپنى شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلاندۇرماسلىقنىڭ يولى داۋاغا ھەقىقىي سەمىمىي بولۇش، ھەممە ئىشتا داۋانى باش ئورۇنغا قويۇشتۇر.

تۆتىنچى، ئىختىلاپلار مۇقەررەردۇر. ئىختىلاپلار جېدەللىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى داۋادا بىر - بىرىمىزنى تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر.

بەشىنچى، ھەمكارلىقنىڭ ئاساسى نىشاندا بىردەكلىك، خىزمەت ۋە ئىقتىداردا ھەرخىللىقتۇر.

ئالتىنچى، ئىنسان مۇكەممەل ئەمەستۇر، ئىللەتسىز، نۇقسانسىز ئىنسان يوقتۇر. باشقىلارغا زىيادە مۇكەممەل تەلەپ قويۇش ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىققا زىيانلىقتۇر.



Copy protected with PDF-No-Copy.com